# ئابدۇرازاق كارخانىنى تەرتىپلىك باشقۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل 39 ياشقا كىرگەن ئابدۇرازاق بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى پۈتكۈزدى، ئۆگىنىش مەزگىلىدە، ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئىگىلىدى، قانۇن ئۆگەندى، يەنە كارخانا باشقۇرۇشنى سىستېمىلىق ئۆگەندى، ئۇ ئۆزى ئىگىلىك تىكلەشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئىلگىرى ئېچكىرى ئۆلكىدە ياڭاق ساتقان بولۇپ، خېرىدار مەنبەسى بار ئىدى، ئەمما زاۋۇت قۇرۇش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس، زاۋۇت ئۆيى سېلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچى قوبۇل قىلىشقا ناھايىتى كۆپ قوزغىتىش مەبلىغى كېتەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، بۇزاق يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىكۈينى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئويى ۋە قىيىنچىلىقىنى ئېيتتى. ۋاڭ جىكۈي مۇنداق دېدى: بىز تەتقىق قىلىپ باقايلى، تېزلا سىزگە جاۋابىنى بېرىمىز.

ئابدۇرازاقنىڭ ئويلاپمۇ باقمىغىنى شۇ بولدىكى، بۇ «تېزلا» ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى تېز بولدى. يېزىلىق پارتكوم كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ بۇ ئىشنى بېكىتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئابدۇرازاققا نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچىسىدىكى بىر ئېغىز چوڭ زاۋۇت ئۆيىنى ئۈچ يىل ھەقسىز ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغانلىقىنى، ئىشچىلارنى يېزىدىكى ھەرقايسى كەنتلەردىن ياردەملىشىپ قوبۇل قىلىشىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

قىلمەن دەپلا قىلىپ، ئابدۇرازاق ئۈچ كۈندىلا بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولدى. سانائەت باغچە رايونىدىكى يول، سۇ، توك، ئاشخانا قاتارلىقلار تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، قىلىدىغان ئىش زاۋۇتنىڭ ئىشكىتىن كىرگەن يېرىگە بىر ئاشخانا ئايرىپ چىقىش، يەنە خىزمەت سۇپىسى، تارازا، سېۋەت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش، پەردە ئېسىش ۋە دەرۋازا ئورنىتىشلا ئىدى، ئۇ 200 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەن پۇل بىلەن ھەممە ئىشنى پۈتكۈزدى.

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ياڭاق پىششىقلاش زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار تەق بولدى، ياڭاق ئۈزۈلمەي توشۇپ كېلىندى، ئىشچىلار يۇيۇپ، چېقىپ، ياڭاق مېغىزىنى چىقىرىپ، ئوخشاش بولمىغان سورت دەرىجە ئۆلچىمى بويىچە ئايرىپ، يەشىككە قاچىلاپ ئىنچىكە پىششىقلاش خېرىدارلىرىغا سېتىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە ياڭاق پىششىقلاش زاۋۇتى ئىزىغا چۈشتى، 5 ـ ئايدا 120 توننا ياڭاق مېغىزى ئىشلەپچىقىرىلىپ، يېڭى ئىش باشلىغان چاغدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك قاتلاندى.

### ■ ئۆگەنگەن بىلىملەرنىڭ ھەممىسنى ئىشلىتەلىدى

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۆلەنلىكىگە رەھمەت، بىزنىڭ پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇشىمىزغا شارائىت يارىتىپ بەردى، يەنە بىزنىڭ كەسپىي كېڭەيتىشىمىزگە ياردەم بەردى.» ئابدۇرازاقتا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن بىلىملەرنىڭ ھەممىسنى ئىشلىتەلىدى.

2017 ـ يىلى، ئابدۇرازاقنىڭ ياڭاق سودىسى بوغما ھالەتكە دۈچ كەلدى —— ئېچكىرىدىكى خېرىدارلارنىڭ ياڭاقنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلىپى بارغانسېرى ئۆسۈپ، يەنە دەرىجىگە ئايرىيدىغان بولدى. ئۇ پەقەت پۈتۈڭخۇادا ئاددىي سۆزلەرنىلا قىلالايدىغان بولۇپ، بەزى تەلەپلەرنى چۈشىنەلمەي، بەزى خېرىدارلارنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئەسلىدىكى پەقەت مال كىرگۈزۈش، مال ئەۋەتىشتەك ئاددىي سودا ـ سېتىقمۇ تەسلەشتى، بۇ ئۇنى بەكمۇ تەشۋىشلەندۈردى.

ئۆگىنىش مەزگىلىدە، ئۇ ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى تىرىشىپ ئۆگەندى، ئوقۇتقۇچى كۈندە بەرگەن تاپشۇرۇق كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قايتا ـ قايتا مەشىق قىلىپ، ھەرقانداق بىر ئېغىز تىلنى مەشىق پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىدى، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارى ناھايىتى تېز ئۆستى.

زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ كارخانىنىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى مال ساتقۇچىسى ۋە تېخنىكى بولدى. ئۇ خېرىدارلار بىلەن راۋان پىكىر ئالماشتۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ تەلىپىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەرىجىگە ئايرىپ مال ئەۋەتىش ئارقىلىق كارخانىنىڭ پايدىسىنى خېلى ئاشۇردى.

«تۇرمۇشتا پۈتۈڭخۇادا سۆزلەشنى بىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم» دېدى ئابدۇرازاق. بۇ يىل 4 ـ ئايدا، ئۇ ئانىسىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ كۆزىگە چۈشكەن ئاقنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇردى، ئانىسىنىڭ ئوپېراتسىيەسى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئەسلىگە كېلىش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولۇپ، دوختۇر، سېستىرالار بىلەن ناھايىتى راۋان پىكىر ئالماشتۇردى.

«ئىلگىرى مېنىڭ جەمئىيەتتىكى بەزى كۆز قاراش، ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشۇمدا ئېغىش بار ئىدى، قانۇن ئۆگەنگەندىن كېيىن نۇرغۇن داۋالارنى بىلىۋالدىم.» ئابدۇرازاق مۇنداق دېدى: قانۇن بىلىملىرى يەنە مېنىڭ ئوڭۇشلۇق تىجارەت قىلىشىمغا، كارخانىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىشىمغا ياردەم بەردى.

ئىلگىرى خېرىدارلار بىلەن ئالاقىلىشىش، سودىنى ئۈزۈللاشتۇرۇشتا، ئابدۇرازاق قارشى تەرەپ بىلەن ئاغزاكى كېلىشىم تۈزەتتى، بەزى تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان ئىشلارغا يولۇققاندا، ئېنىق چۈشەندۈرەلمەيتتى، ياخشى ھەل قىلالمايتتى. ھازىر ھەربىر زاكازنى سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكار ھالدا قارشى تەرەپ بىلەن توختام تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولدى. «مەن زاۋۇتقا مەسئۇل بولۇشۇم، كۆپچىلىككە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك» دېدى ئۇ.

شۇنچە چوڭ زاۋۇت، شۇنچە كۆپ ئىشچى، ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان كەسىپ مىقدارىنى باشقۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، لېكىن ئابدۇرازاق كارخانىنى تەرتىپلىك باشقۇردى. «مەن تەربىيەلەش مەركىزىدە كارخانا باشقۇرۇشنى ئۆگەندىم، بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىلى بولىدىكەن، كۆپچىلىك ئاندىن ماڭا ئىشىنىدىكەن» دېدى ئۇ.

### ■ كۆلەمنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشنى ئويلاشتى

سۆھبەت ئارىلىقىدا، ئابدۇرازاقنىڭ يان تېلېفونى توختىماي جىرىڭلىدى. تېخى تۈنۈگۈن 20 توننا ياڭاق مېغىزى زاكازىنى سۆزلەشكەندى، قارشى تەرەپ توختام تۈزۈش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن تېلېفون بەرگەندى؛ گۇاڭجوۋغا ئەۋەتىلىدىغان يەنە بىر زاكازنىڭ دەرىجىسى ۋە باھاسىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك ئىدى؛ يەنە بىر تېلېفون خېرىدار لاۋلىيۇدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ: «ياخشى مېغىز (ياڭاق مېغىزى) بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئابدۇرازاق: «ناھايىتى كۆپ، كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ» دېدى.

چۈشتە، يەنە خېرىدار كەلدى. شەنشىدىكى بىر ئىستراھەت يېمەكلىكى پىششىقلاش كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى لى مەنتۈن زاۋۇتقا كېلىپ بىر تەرەپتىن مال تەكشۈرگەچ ، بىر تەرەپتىن تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئابدۇرازاق ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. «بىز ئاساسلىقى ياڭاق ئېچىملىكى ئىشلەپچىقىرىمىز، ياڭاقنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى، ئۆلچەمنى ئۆستۈرسەك ئىككىلا تەرەپ نەپكە ئېرىشىمىز، پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ پايدىسىنى مۇناسىپ ھالدا 10%تىن كۆپرەك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، پەقەت سۈپەت مۇقىم بولسىلا، كېيىنكى يېرىم يىلدا بىز بۇ يەردىن 200 توننا ياڭاق مېغىزى يىغىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز» دېدى لى مەنتۈن.

كارخانىنىڭ زاكاز مىقدارىنىڭ تەدرىجىي ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىممۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى. خىزمەتچى ھەبىبە سايىت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مەن تىرىشىپ ئىشلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى مائاش ئېلىشقا تىرىشىمەن.

ئارزىگۈل مەمتىمىن بۇ يىل 23 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھەر كۈنى موتوسىكلىت مىنىپ ئىشقا بارىدۇ، چۈشتە زاۋۇت سانائەت رايونىدىكى ئاشخانىدا كۆپچىلىككە ئىش تامىقى زاكاز قىلىپ بېرىدۇ. «ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىش ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، ئىشقا بېرىش قولايلىق ئىكەن، ئاتا ـ ئانامنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئالالايدىكەنمەن» دېدى ئۇ.

ۋاڭ جىكۈي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇزاق يېزىسىدا ئادەم كۆپ، يەر ئاز، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئاران 0.9 مو، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى كۆپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن. «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ۋاقتى قىس، شۇڭا بىز كەسىپلەر باغچىسى قۇرۇپ، كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇق».

يېزىنىڭ زور كۈچ بىلەن يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بارغانسېرى كۈچەيدى، يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ئابدۇرازاق يەنە كۆلەمنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئىنچىكە پىششىقلاش ئاقما لىنىيەسىنى كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئويلاشتى.

«مېنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى نىشانىم: يېمەكلىك سۈپىتى بىخەتەرلىكى ئېتىراپنامىسى بېجىرىپ، ياڭاق قىستۇرۇلغان چىلان ۋە سوقماق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كىرگۈزۈپ، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى داۋاملىق ئاشۇرۇش» دېدى ئۇ.

ئابدۇرازاقنىڭ ئالدىراش ھالىتىنى كۆرۈپ ۋاڭ جىكۈي ئىنتايىن خۇش بولدى. «كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى پۇقرالارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ھەقىقىي كۆزلەپ، يېزىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشى ئۈچۈن ياراملىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ بەردى» دېدى ئۇ.

**گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەسىرلىك مېلودىيەسىنى ياڭرىتايلى

□ ئۈرۈمچى شەھىرى مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رەئىس ئەيساجان مەمەت

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا سىردىشىشقا ئەھمىيەت بېرىش، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتۇش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىر.

مەن بورتالا شەھىرىدىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدىن كەلگەن، شىنجاڭدا تۇغۇلدۇم، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلدىم، ھەر ۋاقىت جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ «مىللەت ھالقىغان، قانداشلىق ھالقىغان، رايون ھالقىغان قېرىنداشلىق مېھرى ئورناتتى، كۆپچىلىك تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بېيىش، تەرەققىياتنى بىرلىكتە پىلانلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ ئىناقلىقىنىڭ تەسىرلىك مېلودىيەلىرىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ياڭراتماقتا.

مېنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنىم پېنسىيەگە چىققان كادىر، پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، ئۇنىڭ ئىسمى جاڭ شۇباۋ، بۇ يىل 72 ياش، ئۈرۈمچى شەھىرى مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونى سابىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچىسى. 2017 ـ يىلى قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقاندىن كېيىن، مەن جاڭ شۇباۋ بوۋاينىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يېنىدا ئەمەسلىكىنى بىلىپ، پات ـ پات ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، مۇڭدىشىپ تۇردۇم. بۇ پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن بىلدىمكى، جاڭ شۇباۋ بوۋاي مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونىدا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىپتۇ، مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئەمەلىي ئەھۋالىنى ناھايىتى چۈشىنىدىكەن. جاڭ شۇباۋ بوۋاي ھەم ئۇ تونۇشتۇرغان پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار ئارقىلىق مەن مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، شۇنداقلا ئۇلار ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ساداسى ۋە ئارزۇلىرىنى يەنىمۇ چۈشەندىم، مېنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشۇمغا ياردىمى ناھايىتى زور بولدى. جاڭ شۇباۋ بوۋاي گەرچە پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، لېكىن مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونىنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا ئىلگىرىكىدەكلا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر كۈنى خەۋەر كۆرىدىكەن. مىچۈەن ـ دۇڭشەن رايونىدا ئەمەلىيلەشكەن يېڭى سىياسەت، تەرەققىيات يېڭى تەپەككۇرى بولسىلا، ئۇ مەن بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، مۇھاكىمە قىلىدۇ، خىزمىتىمدە يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا، يەنە نۇرغۇن ئەجايىب پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېنىڭ خىزمەت تەپەككۇر يولۇمنى ئېچىشىمغا ياردەم بەردى. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئەۋلادلىرىمىزغىچە داۋاملاشتى، ھازىر ھېيت ـ بايرام بولسىلا، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئۆزئارا ئۆيلىرىمىزگە بېرىپ جەم بولۇشۇپ، ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ تۇرىمىز.

«ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.» بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دىققەتنى باشتىن ـ ئاخىر باش نىشانغا چىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، تېخىمۇ ياخشى ھالەت، تېخىمۇ پۇختا ئىستىل بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىدا «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنىڭ بەخت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىقنىڭ ئاپەت ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملەپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

# يېڭى دەۋردىكى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون خەلق ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش + 3 + 3 + 1» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «خەلق ئىشلىرى خەلقنى كۆزلەش، خەلق ئىشلىرى خەلقنى سۆيۈش» خىزمەت ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، خەلق تۇرمۇشىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى كۈچلۈك بولدى، ئاممىۋى مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئاساسىي قاتلام جەمئىيىتىنى ئىدارە قىلىشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، غەمخورلۇق ـ نەپىقە بېرىشى پۇختا، ئۈنۈملۈك بولدى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە كۈچلۈك مۇلازىمەت قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەقىقىي تۈردە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، خەلق ئىشلىرىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك؛ دىققەتنى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار توپقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك؛ دىققەتنى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيىتىنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، رايونلارغا ئايرىش، يەر ـ جاي نامى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىشلىرىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەپ، زىچ ماسلىشىپ، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورتاق ھالدا خەلق ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ، خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، «خەلق ئىشلىرى خەلقنى كۆزلەش، خەلق ئىشلىرى خەلقنى سۆيۈش» خىزمەت ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قەلبىدە مېھىر ـ مۇھەببەت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ پىكرى ۋە ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئامما ئېھتىياجلىق بولغاننى، ئۈمىد قىلغاننى، ئويلىغاننى ھەل قىلىپ، خەلق ئىشلىرى سىستېمىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋر خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

# پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ بىرىكمە كۈچ توپلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇلۇغچات ناھىيەلىك يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى؛ كونا شەھەر ناھىيەسى توققۇزاق بازىرىنىڭ ئاياغمەنگەن كەنتتە يېزا يوللىرى قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ئائىلىلىرىگە كىرىپ زىيارەت قىلدى؛ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 3 ـ شىسى 41 ـ تۇەندە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يولۇچى توشۇش بېكىتى ۋە يېزا يوللىرى قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى؛ يوپۇرغا ناھىيەسى تېرىم بازىرىنىڭ ماشىنىغىز كەنتىدە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى ھەم قاتناش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، يېزا يوللىرى قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ھەم كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ياڭ چۈەنتاڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىرىكمە كۈچىنى توپلاپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ياڭ چۈەنتاڭ ئۈرۈمچىدە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»نىڭ قاتناش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نەق مەيدان ئىش بېجىرىش يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، سىچۈەن، يۈننەن، گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ ۋە ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەن قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى(ئىدارىسى)نىڭ قاتناش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، نامرات ئاھالە زور دەرىجىدە ئازايدى، نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، قاتناش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەر تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى، بىر قىسىم رايونلار ئىشتاتلىق كەنتلەرنىڭ يوللىرىنى قاتتىقلاشتۇرۇپ تۇتاشتۇرۇش، يولۇچىلار ئاپتوبۇسنى تۇتاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «ئىككىنى تۇتاشتۇرۇش» نىشانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى.

ياڭ چۈەنتاڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىر مەيدان قاتتىق جەڭ، ھالبۇكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بۇ مەيدان قاتتىق جەڭنىڭ قاتتىق جېڭى. ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ئىدىيەۋى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قاتناش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى «ئىككىنى تۇتاشتۇرۇش» تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش نىشانىنى ۋاقتىدا، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئورۇنداپ، «13 ـ بەش يىللىق» قاتناش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يىرىك پىلانىدا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى پۇختا، ياخشى ئورۇنداپ، «ئىككىدىن غەم قىلماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى ھەل قىلىشنى كۈچلۈك قاتناش ـ ترانسپورت كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. يىراق ـ يېقىننى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە مۇلازىمەت قىلىش بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچ ئۇلاپ ياخشى قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، مىنىسترلىق، ئۆلكە، ئوبلاست، ناھىيە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئېغىر نامراتلىق ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي كۆزىتىشتە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل كۈچەيتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن جاۋ چۈجيۇ، جۇڭ بو ئالاقىدار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە سۆھبەتكە قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، ياڭ چۈەنتاڭ يەنە قاتناش ـ ترانسپورت مىنىسترلىقىدىن ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن كادىرلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)